# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
26
شەنبە
维吾尔文 12 月26日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报社出版
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25287 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 3 تىرىلليون 400 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈفېيىنىڭ جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 3 تىرىلليون 450 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە يەتكەن؛ 2015 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە يىلىغا ئوتتۇرىچە يېڭىدىن 291 مىليارد 460 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 12.9% بولغان. بۇ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا زور مىقداردا ئېقىۋاتقانلىقىنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاش سىياسىتى ئۈنۈمىنىڭ تەدرىجىي گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى پۇل سىياسىتى ۋاستىسى تۈزۈپ، يېشىل پۇل مۇئامىلىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، پۇل مۇئامىلە بايلىقىنى يېشىل كەسىپلەرگە تەقسىملەشكە يېتەكلىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 546 ساپ يېشىل تۈر يېشىل پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش يېشىل تۈر ئامبىرىغا كىرگۈزۈلدى، تۈر ئومۇمىي سېلىنمىسى 288 مىليارد 587 مىليون يۈەن بولدى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى



12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى



12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش باش تېما قىلىندى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە قوغداش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسىنى باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق ئىجرا قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق ئىجرا قىلىش ۋە شەكلىۋازلىق گەۋدىلىك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

## ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق پاختا يىغىش ـ تايلاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنا بازارغا سېلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئالتە قۇرلۇق پاختا يىغىش ـ تايلاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنىنى بازارغا سېلىش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى ليۇ چاۋيۇ مۇنداق دېدى: «بۇ خىل پاختا يىغىش ـ تايلاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنىنىڭ چەت ئەلنىڭ ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتىنىڭ تېخنىكا مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلىشىدىن ئۈمىد بار».

ماشىنا گەۋدىسى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك، پاختا يىغىش بېشى سېرىق رەڭلىك، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش سىستېمىسى سەپلەنگەن... تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ سىرتىدا، پاختا يىغىش ـ تايلاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلار رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، پات ئارىدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ.

ئېقىنتال شەھىرى كەيشياڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ جابدۇقلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى فۇ يۇڭشىن مۇنداق دېدى: «بىز ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان بۇ بىر تۈركۈم ئۈسكۈنىلەرنى سىناپ باققان، مەشغۇلاتى ئاددىي، پاختىنى پاكىز يىغىش نىسبىتى يۇقىرى، ماي سەرپىياتى تۆۋەن، بۇ قېتىم ئۈچىنى زاكاز قىلىشنى پىلانلىدۇق».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ،

## ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تۈزۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» ۋە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

## شىركەت پاتېنتىنىڭ بازارلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرىمەن

**بايان قىلغۇچى: جۇڭتۇڭفۇ ئاممۇئۇچۇر كەسپىي پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات مەسئۇلى ليۇ خۇيجۈەن**

2014 ـ يىلى، مەن ئېرىم بىلەن شەندۇڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلدۇق. ئالتە يىلدىن بۇيان، مەن شىركەت ئۈستىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆپلىگەن پەن تەتقىقات تۈرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشتىم، مەخسۇس خادىمدىن ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغان كەسىپ باشقۇرغۇچىغا ئايلاندىم، مائاشىمۇ بىر ھەسسىگە يېقىن ئۆستى. «14 ـ بەش يىل»لىق

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سكانىرلاپ سىننى كۆرۈڭ

### ئىلگىرى قازان بېشىنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئاياللار بۈگۈنكى كۈندە رول تۇتىدىغان بولدى

## قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر كەنتتە 95 ئايال شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۈڭلېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرى توغرايار كەنتىدە كەنت ئاھالىسى مۇنەۋۋەر روزىباقى ۋۇلىڭ ماركىلىق كىچىك يۈك ئاپتوموبىلىنى ئۇستىلىق بىلەن قوزغىتىپ، خېرىدار زاكاز قىلغان تونۇرنى بېسىپ، يىراققا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

«كەنتىمىزدە جەمئىي 565 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى بار، ھازىر ھەيدەش كىنىشكىسى ئالغان ۋە شوپۇرلۇق ئىمتىھانىنى بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئايالدىن 95ى بار. ئىلگىرى يۈزىنى ئېچىپ يالاڭباش يۈرەلمەسلىكتىن زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈرۈشكىچە، بۇ يىللاردا ئايال قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۆزگىرىشلەر بولدى!» دېدى كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئايگۈل مىرابدۇللا.

قاراقاش ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردە بىر مەھەل زوراۋانلىق تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بەرگەن، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى كەيپىياتى قويۇق بولغاچقا، ئاياللار بۇنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىغان. «ئىلگىرى توغرايار كەنتىدە دەل مۇشۇنداق بولۇپ، ئاياللار توي قىلىشى بىلەنلا ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۈرلۈك ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى، سىرتقا چىقىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز ئىدى.» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوبۇل يۇنۇس مۇنداق دېدى: «بۇرۇن ئاياللارنى ئۆيدىن چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىش ناھايىتى تەس ئىدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئاياللارنىڭ پۇتىنى چۈشەپ قويۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ قەلبىنىمۇ قۇلۇپلىۋەتكەنىدى».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)